# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى

(بېشى 6 - بەتتە)

خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ماھىيەتلىك تەلىپى. بالىلار بېقىلىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش، ئاجىزلارنىڭ يار - يۆلەكى بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت تۈزۈمى سىستېمىسىنى جەزمەن تاكامۇللاشتۇرۇپ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق، ئۇللۇق، تولۇق كاپالەتلىك خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھام، مەدەت بېرىپ، خەلقنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن پۈتۈن خەلقنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

(1) تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پايدىلىق ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى يارىتىش كېرەك. ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ۋە ئۆمۈرلۈك كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى قوللاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلارغا قارىتا تولۇق ياردەم بېرىش، يۆلەشنى يولغا قويۇش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا كەمستىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈزىتىپ، ئادىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى مۇھىتىنى يارىتىش كېرەك. ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىناق ئەمگەك مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىززەت - ئابرۇيلۇق ئەمگەك قىلىش، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(2) ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مائارىپ ساھەسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلار ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. شەھەر - يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يەسلى مائارىپى، ئالاھىدە مائارىپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش كاپالەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كەسپىي تېخنىكا تەربىيەسى، ئالىي مائارىپ، داۋاملاشما مائارىپنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پۇقرالار باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ، ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇشنى قوللاش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. شەھەر - يېزىلارنى قاپلىغان ئائىلە تەربىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. تور مائارىپى ۋە سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەربىيەلەش ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ھەربىر كىشىگە يۈزلەنگەن، ھەربىر كىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، تېخىمۇ ئوچۇق، جانلىق مائارىپ سىستېمىسىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆگىنىشچان جەمئىيەت قۇرۇش كېرەك.

(3) ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، شەھەر - يېزىلارنى بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسىنى پۇختا قەدەمدە ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاش تۈزۈمىنى تېز ئورنىتىش كېرەك. ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى يۆتكەپ داۋاملاشتۇرۇش، باشقا جايدا داۋالىنىشتا راسچوت قىلىش تۈزۈمىنى تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، سودا سۇغۇرتىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش ئىشلىرى، نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتى سىستېمىسى ۋە كاپالەت تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى، ئاياللارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈزۈم - مېخانىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئۆيدە قالغان بالىلار ۋە ئاياللار، ياشانغانلارغا غەمخورلۇق قىلىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش - يۆلەش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نىسپىي نامراتلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. كۆپ سۈپىيكت تەمىنلەيدىغان، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان، ئىجارە ئېلىش - سېتىۋېلىش تەڭ يولغا قويۇلىدىغان تۇرالغۇ تۈزۈمىنى تېز ئورنىتىش كېرەك.

(4) خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈزۈم كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. پۈتكۈل ھاياتلىق دەۋرىيلىكىگە، ساغلاملىقنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا دىققەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۇقرالار ساغلاملىقى سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئادىل ئېرىشەلەيدىغان، سىستېمىلىق، سىجىل ساغلاملىق مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك. تېببىي دورا - سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي داۋالاش - سەھىيە تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى، داۋالىنىش كاپالىتى، دورا تەمىناتى كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. زامانىۋى دوختۇرخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور كېسەللەر داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. تۇغۇت سىياسىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، نوپۇس سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشىغا پائال تاقابىل تۇرۇپ، ئائىلە بىلەن مەھەللە ئاپپاراتلار ماسلاشتۇرۇلغان، داۋالىنىش - كۈتۈنۈش بىلەن ساغلاملىق كۈتۈنۈش بىرلەشتۈرۈلگەن كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى تېز ئورنىتىش كېرەك. دىققەتنى خەلقنىڭ تەن ساپاسىنى ئاشۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈزۈم خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

## توققۇزىنچى، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش

جەمئىيەت ئىدارە قىلىش دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم تەرىپى. جەزمەن جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، دېموكراتىك كېڭەشسىدىغان، جەمئىيەت ماسلىشىدىغان، ئامما قاتنىشىدىغان، قانۇنچىللىق كاپالىتى بولغان، پەن - تېخنىكا تىرەك قىلىنغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدىغان، ھەممە ئادەم مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، ھەممە ئادەم بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى تىنچ - ئامان جۇڭگو بەرپا قىلىش كېرەك.

(1) يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. يېڭى دەۋردىكى «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»دە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئىپادىلەش، مەنپەئەتنى ماسلاشتۇرۇش، ھوقۇق - مەنپەئەتنى كاپالەتلەندۈرۈش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، ئەرزىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق مۇرەسسەسى، مەمۇرىي مۇرەسسە، ئەدلىيەلىك مۇرەسسە بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىدىغان خىزمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت پسىخىكا مۇلازىمىتى سىستېمىسى ۋە كرىزىسقا ئارىلىشىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى زىددىيەت - ماجىرالارنىڭ كۆپ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش، مۇرەسسە قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش، تۈگىتىش ئۇنىۋېرسال مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زىددىيەتنى ئاساسىي قاتلامدا تىرىشىپ تۈگىتىش كېرەك.

(2) جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. مەخسۇس تۈزەش بىلەن ئاما تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاما مۇداپىئە كۆرۈپ، ئاما تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مەسىلىنى بىرلىشىپ تۈزەش، خىزمەتتە بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش، ئامانلىقنى بىرلىشىپ بەرپا قىلىش خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈرلۈك خەۋپ - خەتەرنى مۆلچەرلەش، سىگنال بېرىش، ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، ماسلىشىشچانلىقى، دەللىكىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(3) ئاممىۋى بىخەتەرلىك تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان، مەخسۇس بولۇش بىلەن دائىم بولۇش بىرلەشكەن، ئىنكاسى تېز، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىدىغان جىددىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەتنىڭ جىددىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېمەكلىك، دورا بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتىي بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(4) ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش. ئاممىنىڭ ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىشىدىكى تۈزۈملەشتۈرۈلگەن يوللارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى ئۆزى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىش، ئەخلاق ئىدارە قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن شەھەر، يېزا ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەھەللە باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دائىردىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسپىي جەمئىيەتلەر، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش ۋە جەمئىيەت تەڭشەش، ئاھالىلەر ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى ھەمتۇرتكىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ۋە مۇلازىمەت مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا يۆتكىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ بايلىقنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈرۈپ، تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇلغان، ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت بىلەن تېخىمۇ ياخشى تەمىنلەش كېرەك. ئائىلە، ئائىلە تەربىيەسى، ئائىلە ئىستىلىنىڭ ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، چېگرانى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

(5) دۆلەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى، سىياسىي بىخەتەرلىك، دۆلەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. خەلق بىخەتەرلىكىنى ئاساسىي مەقسەت، سىياسىي بىخەتەرلىكنى نېگىز، ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكنى ئاساس، ھەربىي ئىشلار، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، جەمئىيەت بىخەتەرلىكىنى كاپالەت قىلىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەركەزلىك بىرلىككە كەلگەن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، نوپۇزلۇق دۆلەت خەۋپسىزلىكى رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. دۆلەت خەۋپسىزلىكى خەلق مۇداپىئە سېپى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى خەۋپ - خەتىرىگە ھۆكۈم قىلىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ماسلاشتۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش - تۈگىتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. دۆلەت خەۋپسىزلىكى خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭدۈرمىچىلىك، بۇزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن يۈكسەك ھوشيار بولۇش، ئۇنىڭدىن قەتئىي مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك.

## ئونىنچى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈمى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەڭگۈ سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك مىڭ يىللىق ئۇلۇغۋار پىلان. جەزمەن سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بايلىق تېجەش ۋە مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاسراشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات بولغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان مەدەنىيلىك تەرەققىيات يولىدا قەتئىي مېڭىپ، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇش كېرەك.

(1) ئەڭ قاتتىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش. ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش، تەبىئەتكە ماسلىشىش، تەبىئەتنى ئاسراشنى چىڭ ساقلاپ، مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش، جەريانىنى كونترول قىلىش، زىياننى تۆلەش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. مەملىكەت بويىچە زېمىن بوشلۇقى يېرىك پىلانى ۋە ئىشلىتىش ئورنىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، باشقۇرۇش، كونترول قىلىش تۈزۈمىنى تېز ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى ئاسراش قىزىل سىزىقى، مەڭگۈلۈك ئاساسىي ئېتىزلار، شەھەر - بازارنى ئېچىش چېگراسى قاتارلىق بوشلۇق باشقۇرۇش، كونترول قىلىش چېگراسى ھەمدە تۈرلۈك دېڭىز تەۋەسىنى ئاسراش لىنىيەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ بېكىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي گەۋدە فۇنكسىيەلىك رايون تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يېشىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالغا دائىر قانۇن - تۈزۈم ۋە سىياسەت يۆنىلىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېشىل پۇل مۇئامىلىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازار يۆنىلىشىنىڭ يېشىل تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل ئايلانمىلىق، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تېخىمۇ ئاكتىپ تۈرتكە بولۇش كېرەك. بۇلغىما چىقىرىشقا ئىجازەت بېرىش تۈزۈمى يادرو قىلىنغان مۇقىم بۇلغىما مەنبەسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش رايونى بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش مېخانىزمى ۋە قۇرۇقلۇق - دېڭىز بىرتۇتاش پىلانلانغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلاردىكى مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قانۇن سىستېمىسى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

(2) بايلىقتىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىش. تەبىئىي بايلىقنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بىرتۇتاش بېكىتىپ تىزىملاشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، تەبىئىي بايلىق مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بايلىقنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بايلىق ئومۇمىي مىقدارىنى باشقۇرۇش ۋە ئومۇميۈزلۈك تېجەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. بايلىق تېجەش، تۈجۈپىلەش، ئايلانما پايدىلىنىش سىياسىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش ۋە بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش كېرەك. ئېنېرگىيە ئىنقىلابىنى ئالغا سىلجىتىپ، پاكىز، تۆۋەن كاربونلۇق، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. دېڭىز - ئوكيان بايلىقىنى ئېچىش - قوغداش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. تەبىئىي بايلىقنى بىرتۇتاش تەكشۈرۈش، باھالاش، كۆزىتىش - ئۆلچەش تۈزۈمىنى تېز ئورنىتىپ، تەبىئىي بايلىقنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

(3) ئېكولوگىيەنى ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئورمان، ئوتلاق، دەريا - ئېقىن، كۆل، سۇلۇق يەر، دېڭىز - ئوكيان قاتارلىق تەبىئىي ئېكولوگىيەنى ئاسراشنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇھىم ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن مەڭگۈ سىجىل پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت باغچىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت باغچىسىنى ئاسراش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسى، خۇاڭخې دەرياسى قاتارلىق چوڭ دەريالارنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە سىستېمىلىق تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە چۆللىشىش، قۇملىشىشنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى تېزلىتىپ، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقىنى پۇختىلاش كېرەك. دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور تۈرلىرىدىن باشقا، دېڭىزنى تىندۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك توختىتىش كېرەك.

(4) ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى چىڭىتىش. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باھالاش، تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇھىت ئاسراش، تەبىئىي بايلىقنى باشقۇرۇش، كونترول قىلىش، ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىش قاتارلىق چەكلىمە خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچلەرنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تەبىئىي بايلىق مۈلكىنى رەھبىرىي كادىرلار ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش بويىچە ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەركەزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىش - كۆزىتىش ۋە باھالاش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت زىيىنىنى تۆلەش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈش جاۋابكارلىقىنى ئۆمۈرلۈك سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك.

## ئون بىرىنچى، پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى بۇرچ - ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

خەلق ئارمىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ كۈچلۈك ئۈل تېشى، پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش ئاساسى، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھى. جەزمەن شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ھەربىي ئىشلار سىياسەت - تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىپ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتى، خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك.

(1) خەلق ئارمىيەسىگە بولغان ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە قوماندانلىق ھوقۇقىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا مەنسۇپ بولۇشىدا چىڭ تۇرۇش. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىس مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ تۈپ ئەمەلگە ئېشىش شەكلى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ۋە قوماندانلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنىڭ تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدىكى تۈرلۈك تۈزۈم - بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىنى چىڭىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، ھۆكۈمەت بۇيرۇقى، ھەربىي بۇيرۇقنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(2) خەلق ئارمىيەسى پارتىيە قۇرۇلۇشى تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەربىي روھ يېتىلدۈرۈشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، «ئارمىيەنى پارتىيەسىزلەشتۈرۈش، سىياسىيسىزلاشتۇرۇش» ۋە «ئارمىيەنى دۆلەتلەشتۈرۈش» قاتارلىق خاتا سىياسىي قاراشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. پارتكوم تۈزۈمى، جېڭۋېي تۈزۈمى، سىياسىي ئورگان تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتكومنىڭ بىرتۇتاش كوللېكتىپ رەھبەرلىكىدىكى باشلىق ئىش تەقسىملەپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىسىنى لىيەندە قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئارمىيەگە رەھبەرلىك قىلىشنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مۇستەھكەم، كۈچلۈك پارتىيە تەشكىلى ۋە يۇقىرى ساپالىق، كەسپلەشكەن كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ، مىلتىقنىڭ مەڭگۈ پارتىيەگە سادىق، ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(3) پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى پۈتۈن جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇش. يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەسى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەڭگە ۋارلىقنىڭ تۈپ ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشمە، ئادەتتىكى ۋاقىت بىلەن ئۇرۇش ۋاقتى بىر گەۋدىلىشىشنى ئاساس قىلغان ھەربىي كۈچ ئىشلىتىش سىياسەت - تۈزۈم سىستېمىسى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋر ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەسى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، بىرلىشىپ جەڭ قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش تۈزۈمىنى تەڭشەپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىي جەڭ ھەربىي مەشقى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ھالەت شەكىللەندۈرۈش، كرىزىسنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، ئۇرۇشنى توسۇش، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش كېرەك. ئۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، قۇرۇشنى ئۇتۇش ئۇرۇش ئۈچۈن بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئۇرۇش قىلىشقا مەركەزلەشتۈرىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئارمىيە - خەلق يۇغۇرما ھەربىي كۈچ قۇرۇلۇشى سىياسەت - تۈزۈم سىستېمىسى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ رەسمىي قىسمى ۋە زاپاس قىسمى، قوراللىق ساقچى قىسمى، خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئارمىيەنىڭ تۈرلۈك خادىم تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئوفىتسېرلارنىڭ كەسپىيلىشىش تۈزۈمى، مەمۇرىي خادىملار تۈزۈمى، ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمى قاتارلىقلاردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامانىۋى جەڭگىۋارلىق ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، زامانىۋى ھەربىي كۈچ سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. دەل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئومۇميۈزلۈك قېلىپلاشقان، قاتتىق چەكلەشكە ئىگە ھەربىي ئىشلار بويىچە باشقۇرۇش سىياسەت - تۈزۈم سىستېمىسى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە ھەربىي ئىشلار قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە سىستېمىسىنىڭ يۈرۈشۈش ئۈنۈم ئېففېكتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئارمىيە - خەلقنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، بىر گەۋدىلەشكەن دۆلەت ئىستراتېگىيە سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارى بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە قورال - جابدۇق قۇرۇلۇشى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئەسى سەپەرۋەرلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي خەلقنىڭ دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، خەلق بىرلىشىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش خىزمىتى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى ۋە ئارمىيە - خەلق ئورتاق قۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

## ئون ئىككىنچى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئالغا سىلجىتىش

«بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» پارتىيەنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تۈزۈم، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر ئۇلۇغ ئىجادىيىتى. جەزمەن «بىر دۆلەت»تە چىڭ تۇرۇش «ئىككى تۈزۈم»نى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، «ئىككى تۈزۈم» «بىر دۆلەت»كە بېقىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ ھەم «بىر دۆلەت»تە بىرلىككە كېلىدۇ. قەتئىي ھالدا ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇن بويىچە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى باشقۇرۇش - ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈۋەن چېكىگە خىرىس قىلىدىغان ھەرقانداق قىلمىشقا ھەرگىز يول قويماسلىق، دۆلەتنى پارچىلايدىغان ھەرقانداق قىلمىشقا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك.

(1) «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۈكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش. شياڭگاڭنى، ئاۋمېننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇندا بېكىتىلگەن ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپىنى قوغداپ، «بىر دۆلەت» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن «ئىككى تۈزۈم» پەرقىگە ھۆرمەت قىلىشنى، مەركەزنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونغا بولغان ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش - ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى قوغداش بىلەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ يۈكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى، ۋەتەننىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئۆز رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇننى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار تۈزۈم ۋە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

(2) مەركەزنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇن بويىچە ئالاھىدە مەمۇرىي رايونغا بولغان ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. مەركەزنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ باش مەمۇرى ۋە ئاساسلىق ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش تۈزۈمى ۋە مېخانىزمى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نېگىزلىك قانۇننى ئىزاھلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇن مەركەزگە بەرگەن تۈرلۈك ھوقۇقلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش كېرەك. ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا دائىر قانۇن - تۈزۈم ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى قوللاش كېرەك. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون باش مەمۇرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، باش مەمۇر ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى قوللاش كېرەك. شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىشىش، ئىچكىرى رايونلار بىلەن ئەۋزەللىكلەردە بىر - بىرىنى تولۇقلاش، ماس تەرەققىي قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىنى قوللاپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىش كېرەك. شياڭگاڭ، ئاۋمېن جەمئىيىتى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇن تەربىيەسى، دۆلەت ئەھۋالى تەربىيەسى، جۇڭگو تارىخى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ دۆلەت ئېڭى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كۈچەيتىش كېرەك. تاشقى كۈچلەرنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ۋە بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭدۈرمىچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى توسۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)